## 6099 ـ ئۇ مۇسۇلمان بولدى ھەمدە ئۇنىڭ كاپىر دوستلىرى بار

### سۇئال

سىز مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرى غەيرى مۇسۇلمان دوستلىرىڭىز بولسا ، سىز ئۇلار بىلەن بولغان دوستلۇقنى ساقلاپ قالالامسىز ؟ ياكى سىز پەقەت مۇسۇلمانلارنى دوست تۇتامسىز ؟

### تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

بىز بۇ سۇئالنى فازىل شەيخ مۇھەممەت بىن سالىھ ئەسىيمەيىنگە سۇنغانىدۇق ، ئاللاھ ئۇنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن ، مۇنداق دەپ جاۋاپ بەردى :

ئۇنىڭغا ئۇنداق قىلىش( ئۇنىڭ غەيرى مۇسۇلمان دوستلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشنىڭ )نىڭ ھاجىتى يوق ، ئەگەر ئۇلاردىن ئۇنىڭغا ھىچقانداق زىيان يەتمىسە . بىراق ئۇلاردىن ئاستا ـ ئاستا يىراقلىشىدۇ . ئۇ ئۇلارغا ئىسلام ھەققىدە سۆزلىشى كېرەك ، چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولغىنىنى كۆرسە ئۇلارمۇ مۇسۇلمان بولۇشى مۇمكىن . ئاللاھ ناھايىتى بىلىدۇ .

الشيخ محمد بن صالح العثيمين